# نۇرسىمانگۈل ئابدۇرېشىت

ئايال ، 33 ياش

مەن نۇرسىمانگۈل ئابدۇرېشىت ، مىللىتىم ئۇيغۇر ، دىنىم ئىسلام. مەن 2015- يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەندىن تارتىپ هازىرغىچە تۈركىيەدە ياشاۋاتىمەن. مەن تاكى 2017- يىلى 6- ئاينىڭ 18- كۈنىگىچە ئائىلەم بىلەن نورمال ئالاقە قىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما شۇ كۈندىن باشلاپ ئائىلەمدىكى بىرمۇ كىشى ياكى هەرقانداق بىر دوستۇم بىلەن ئالاقە قىلالمىدىم.

1. مېنىڭ ئانام خىتاي هۆكۈمىتى پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرى. كەنتىمىزدە كەنت مەسئۇللىرى هەر ۋاقىت پۈتۈن كەنتتىكى ئاياللارنىڭ هامىلە ياكى هامىلە ئەمەسلىكىنى ، هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سېلىپ سالمىغانلىقى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ كەنتىمىزدە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرللار ياشايتتى ، خىتايلارنى بەك كۆرۈپ كەتمەيتتۇق. مېنىڭ بىلىشىمچە ، پىلانلىق تۇغۇت سىياستى پۈتۈن خىتايدىكى شەهەرلەردە ئوخشاش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ كەنتىمىزدە ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ياشايدۇ ،شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سىياسەت پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئاياللىرىنى نىشان قىلغان. كەنتتىكى سىستىرالار بەزى دورىلارنى ياش ۋە ياشراق بولغان ئاياللارغا تارقىتىدۇ. مېنىڭ تاغامنىڭ ئايالىغىمۇ شۇنداق دورىلار بېرىلگەن.
2. يېزىلاردا خالىغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئاياللارنىڭ هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سېلىپ سالمىغانلىقنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئانامۇ هامىلىلىكتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم كېسەل بولغان ۋە ئەكس تەسىرى بولغان. ئانام دەسلىپىدە هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكنى جازالاشتىن قورقۇپ ئېلىۋەتمىگەن. خالىغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىدىغان هازىرلىقلىرىنى قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يوق ئىدى ، بۇ خىل ئەهۋال ئانامغا ئېغىر روهى بېسىملارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئانام ئۆزۈكنىڭ ئەكس تەسىرى ۋە داۋاملىق كېسەل سەۋەبىدىن ، ئاخىرى هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكنى ئېلىۋەتتى. بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ، دادام ئانامنى شەهەرگە يوللاش ئارقىلىق ،ئۆزۈك تەكشۈرشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. نورمالدا هەر بىر كەنتتە بىردىن سىستىرا بار ، سىستىرالار ئائىلىلەرگىچە كېلىپ ئاياللارنى كەنتكە ئاپىرىدىغان ئىشلارغا ۋە ئاياللارنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل. بۇ خىل تەكشۈرۈشلەر ئاياللارنىڭ شەخسىيتىنى زىدىلەيدۇ. مېنىڭ ئانام بەك خىجىل بولاتتى ،ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇللانغان ئەسۋاپلار ياخشى ئەمەس ،مۇهىمى رەسمى بىر دوختۇرخانا ۋە ئەسلىهەلىرى يوق.
3. مېنىڭ يەڭگەمنىڭ ئىككى بالىسى بار ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئەمدى پەرزەنتلىك بۇلۇشىغا يول قويۇلمايتتى. ئەمما ئۇ ئۈچۈنچى پەرزەنتكە هامىلدار(قوش كېزەك) بولدى ،ئامالسىزلىقتىن بالىنى ساقلاپ تۇغۇش ياكى دوختۇرخانىغا بېرىپ هامىلە چۈشۈرۈش ئۈچۈن قارار قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەڭ ئاخىردا دۆلەتنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ ، ئۆزى دوختۇرغا بېرىپ هامىلىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. يەڭگەم بۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئازاپلاندى.
4. 2008- يىلى ،مەن جىياڭشى ئۆلكىسىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلار ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنى زىيارەت قىلدىم. ئەپسۇس ، مەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئىسمىنى ئىسىمگە ئالالمىدىم. بۇ زاۋۇتتا پەقەتلا ئۇيغۇرلار ئىشلەيتتى ، مەن پەقەت بىر قېتىملا زىيارەت قىلدىم.
5. ئۇ يىللاردا تۇلۇقسىز ئوتتۇرىدىن كېيىن ئوقۇشنى داۋام قىلمىغان ياشلار ، بۇ خىل شەكىلدىكى خىزمەت پىروگراممىلىرىغا مەجبۇرى تۈتۈلىدۇ. ئادەتتە ، كەنتتىكى خىزمەتچى-خادىملار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەر بىلەن ئالاقىشىپ ، كەنتتىكى ياشلارنى مەجبۇرى هالدا ئىچكىرىدىكى شىركەتلەرگە يوللاپ ئىشلەشكە سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆزى ياشىغان شەھەر ۋە قوشنا شەھەرلەردىن خىزمەت تېپىپ ئىشلەيدۇ ، ئەمما ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىشلىمەيدۇ ۋە خىزمەت ئىستىمەيدۇ. ئەمما كەنىت كادىرلىرى تولۇقسىز ئوتتۇردىن كېيىن ئوقۇشىنى داۋام قىلمىغان ياشلارنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەشكە قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئىچكىرىگە بېرىپ ئىشلىمەسلىك ئۈچۈن ،ياش قىزلار بۇرۇنراق توي قىلىشۋالىدۇ.

6. مېنىڭ دوستۇمنىڭ دادىسى شۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش گۇرۇپپىسىدا بولغاچقا ، مېنىڭ ئۇيغۇر ياشلار ئىشلەيدىغان زاۋۇتنى زىيارەت قىلىشقا پۇرسىتىم بولغان. مەن ۋە دوستۇم ئىككىمىز زاۋۇتنى زىيارەت قىلغان.

7. مەن ئۇ ۋاقىتتا 100 لەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ زاۋۇتتىكى ناھايىتى كونا ياتاقلاردا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ يەرلەردە ئىشلىگۈسى يوقلىقىنى دىگەنتى. زاۋۇتتىكى ئۇيغۇر قىزلار كۆپ قىسىم ۋاقىتتا كەچلىك سىمىنادا ئىشلەيدىغانلىقىنى ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قېلىپ قول بارماقلىرىنى ئېغىر زەخىملەندۇرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ، ۋە ماڭا قىزلار زەخىملەنگەن قولىنى كۆرسەتكەن. قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ھەقىقەتەن زەخىملەنگەن ئىدى.

8. ياتاق بىر قەۋەتلىك U شەكىللىك بىنا بولۇپ ، كىچىك ھويلىسى ۋە سۇ ئالىدىغان يېرى بار بىر يەر ئىدى. مۇھىتى بەك ناچار بولۇپ ، تاملىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىكەن. بەك كونا بولغانلىقى ئۈچۈن غەلىتە پۇراقلارپۇراپ تۇراتتى. بەزى ياتاقلاردا ئۈچ كارۋات ،بەزى ياتاقلاردا ئالتە كارۋات ۋە بەزى ياتاقلاردا سەككىز ئاستى ئۈستىلىك كارۋات بار ئىدى. ياتاقلاردا مۇنچا يوق بولۇپ ،كارۋاتتىن باشقا ھېچنىمە يوق ، يۈز- قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن ياتاق سىرتىدىكى ھاجەتخانىغا ياكى باشقا يەرلەرگە چىقىشقا توغرا كېلەتتى.

9. زىيارەت جەريانىدا ياتاققا چاپلاقلىق بىر قەغەزنى كۆردۈم ، بۇ قەغەزگە بۇ يەردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۈنلۈك مائاشى يېزىلغان بولۇپ ، كۈنلۈك ئىش ھەققى 25 يۈئەندىن 35 يۈئەنگىچە ئىكەن. ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى كۈنلۈك ئېگىرگەن يىپنىڭ ئېغىرلىقى بويىچە ھېساپلايدىغان بولۇپ ، بۇ ئىش ھەققىدىن ئىشچىلارنىڭ تاماق ۋە ياتاقلىرىنىڭ ھەققىنى ھېساپلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان قىسمىنى بېرىدىكەن. ئەڭ قىزىقارلىقى ، بەزى ئىشچىلار شىركەتكە ئالللىبۇرۇن 800 يۈئەندىن كۆپرەك قەرزىگە كىرگەن. ئىشچىلار ھەرقانداق بىر سەۋەپتىن خىزمەتكە چىقالمىسا ياكى قاتتىق كۈچەپ ئىشلىمىسە ، بىرىلگەن ئىش ھەققى ئىشچىلارنىڭ ياتاق ۋە تاماق چىقىمىغا يەتمەيدىكەن. شۇ سەۋەپتىن خىزمەتچىلەر شىركەتكە قەرىزگە كىرىپ قالىدىكەن.

10. يېغىپ ئېيتسام ، مەن بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ مەجبۇريي ئىشلىتىشكە نارازى ئىكەنلىكىنى ، مەجبۇريي ئىشلىتىلگەن ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ ئاسان يوق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولدۇم. ھەممەيلەن مەجبۇرلانغانلىقىنى ھىس قىلىدىغان بولۇپ ، ھەممەيلەننىڭ ئىشلىگۈسى يوق ئىدى. ئۇلار ماڭا بۇ يەردە ئىشلىگۈسى يوقلىقىنى ۋە بەزى قىزلارنىڭ زاۋۇتقا قەرىزگە كىرىپ قېلىپ ئاتا-ئانىسىدىن پۇل سالدۇرۇپ قەرىز تۆلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. بەزى قىزلار قېچىپ قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ۋە پويىز ئىستانزىسىغا بارغاندا ساقچىلارنىڭ تۇتۇپ زاۋۇتقا قايتۇرۇپ ئەكەلگەنلىكى دېدى. يەنە بەزى قىزلار ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن پويىز ئىستانزىسىدا باشقىلارنىڭ قاچۇرىشىدىن قورقۇپ ، ساقچىلارغا ماسلىشىپ زاۋۇتغا قايتقانلىقىنى دەپ بەردى.

11. زاۋۇت سېخنى زىيارەت قىغاندا ئۈچ ياكى بەش دانە خىتاي ئايالىلارنى كۆردۈم ، بۇ ئايالىلار ئۇيغۇر ئىشچىلارغا خىزمەتلەرنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ زاۋۇت ناھايىتى چوڭ ئىكەن ، ئەمما ئاز بىر قىسمىنىلا ئۇيغۇر ئىشچىلار قوللىنىدىكەن. بۇ بىر تاشلىۋېتىلگەن زاۋۇت بولۇپ ، ئەرزان ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچىنى تاپقاچقىلا ، بۇ زاۋۇتنىڭ بىر قىسمىنى قوللىنىشقا باشلىغاندەك تۇراتتى.

12. زاۋۇتتا ئىشلەشكە كەلگەن قىزلارنىڭ يېشى 17 دىن 27 گىچە بولۇپ ، كۆپ قىسمى كىچىك قىزلار بولۇپ ئاساسەن 17 ياكى 18 ياش ئىدى.

13. مېنىڭ كىچىك ۋاقىلىرىمدا ، بىزنىڭ كەنتتە مەجبۇريي ئەمگەك بار ئىدى. ھەر دائىم كەنت كادىرلىرى كەنتتىكىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ ، يول سۇپۇرۇشكە سالاتتى ياكى يازلاردا دەريا بويلىرىغا چاقىراتتى. دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە ،كەنتتىكىلەر كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. بەزى ۋاقىتتا يىنىك ئىش ۋە بەزى ۋاقىتتا ئېغىر ئىشلارنى قىلاتتى. مېنىڭ ئائىلەم ھەر يىلى 2000 يۈئەن تاپشۇرۇتتى ، بولمىسا ھاشاردا ئىشلىشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال پۈتۈن قەشقەر ۋە شىنجاكدىكى باشقا يەرلەردىمۇ نورمال ئومۇملاشقان. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ، كۆز پەسىللىرى پاختا تېرىشكە چىقاتتۇق. بۇ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ بىزگە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

14. مېنىڭ ئاكام 2016- يىلى قولغا ئېلىندى ، ئەمما ئاكامنىڭ ھېچ جىنايىتى يوق ئىدى. لىكىن ساقچىلار ئاكامنىڭ باشقىلاردىن قەرىز ئالغانلىقىنى ۋە قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىنى سەۋەپ قىلىپ سۆزلىدى. ئەمما ئائىلەمدىكىلەر پۇل توپلاپ قەرىز قايتۇرماقچى بولغىنىدا ، پۇل ئالدىغانغا قەرىز ئىگىسىنى تاپالمىدى ،دادام شۇنچە قىلىپمۇ قەرىز پۇلنى قايتۇرىۋالدىغان ئىگە تاپالمىغان. ئاكام ماشىنا زاپچاسلىرى تىجارىتى قىلىدىغان بىر سودىگەر ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇش نىشانى قىلغان. 2017- يىلى بىرىنچى ئايدا ئاكامنىڭ ئاتۇشقا جايلاشقان بىر تۈرمىنىڭ ئېكتىرون زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بۇ خەۋەرنى ئاكام بىلەن بىر تۈرمىدە قالغان ۋە بىر سېختا ئىشلىگەن مەھبۇسداشلىرىدىن بىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كىيىن دادامغا يەتكۈزگەن ئىدى. مەن بۇ خەۋەرنى دادام بىلەن تېلىفۇندا كۆرۈشكەندە خەۋەردار بولغان ئىدىم ، ئۇ ۋاقىتتا مەن ئائىلەم بىلەن تېلىفۇندا كۆرۈشەلەيتتىم.

15. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇريي شەكىلدە غايىپ قىلىندى ۋە قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىندى. مېنىڭ قەشقەردىكى ئائىلەم بىلەن بولغان ئالاقەم 2017- يىلى 6- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

16. 2017-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ھاممامنىڭ يولدىشى بىلەن قىسقىلا تېلېفۇندا كۆرۈشكەن ۋاقىتتا دادام بىلەن كىچىك ئېنىمنىڭ "ئۆگىنىش"كە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇم. ھاممامنىڭ يولدىشى مېنىڭ قايتا تېلېفۇن قىلماسلىقىمنى جىكىلىدى. ھاممام ئانامنى كۆرگىلى بارغان بولغاچقا ھاممانىڭ يولدىشى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھاممامدىن ئاڭلىغان. ئانام ، دادام ۋە كىچىك ئىنىم تۇتۇپ كېتىلگەندىن كىيىن ھاممامغا تېلېفۇن قىلغان. 2018-يىلى ئۆندىداردىكى تونۇشلىرىمدىن ئۆيۈمدە ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى ئۇقتۇم. مېنىڭ بۇ تونۇشۇم ئانامنىڭمۇ تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتتى ، ئەمما قاچان تۇتۇلغانلىقىنى بىلمىدىم.

17. ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ئائىلەمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم. 2020-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇلار مېنىڭ ئاتا-ئانام ، ۋە ئېنىمنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

18. ئەلچىخانىدىن دادام ئابدۇرىشىت توختىنىڭ ئاتالمىش "جەمىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ، تىرور پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىشنى ئويلاشقانلىق" جىنايىتى بىلەن 16 يىل 11 ئايلىق كېسىلگەنلىكىنى بىلدىم.

19. ئانام تاجىگۈل قادىر ئاتالمىش " تىرور پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىشنى ئويلاشقانلىق" جىنايىتى بىلەن 13 يىللىق كېسىلگەن.

20. ئىنىم مۇھەممەدئەلى ئاتالمىش "تىرور پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىشنى ئويلاشقانلىق" جىنايىتى بىلەن 15 يىل 11 ئايلىق كېسىلگەن.

21. مەن ئەلچىخانا بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا ، ئۇلاردىن بۇ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئىسپاتى بار-يوقلۇقىنى سورىدىم. ئەگەر ئۇلار دېگەندەك ئائىلەمدىكىلەر ئويلاشقان بولسا ، راستىنلا بىرەر ئىش قىلغان-قىلمىغانلىقىنى سورىدىم.

ئەلچىخانا مۇنداق دېدى: بىز شىنجاڭ دائىرىلىدىن تاپشۇرۇۋالغان قەغەزدە ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ يېزىلغان. دېمەك ، ئائىلەمدىكىلەر ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق نىيىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ، تۇتقان. خىتاي ھۆكۈمىتى كىشىلەرنى چەتئەلدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار يوقلۇقى ، پاسپورتى بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ياكى تۆۋەن دەرىجىدىكى خەتەرلىك دەپ ئايرىيدۇ. مەن تۈركىيەدە ياشاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ ئائىلەمنى يۇقىرى دەرىجىدىكى خەتەرلىكلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. شۇڭلاشقا ئۇلار قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇلارنى تېرورلۇق ھەرىكىتى قىلىشى مۇمكىن ، دېگەن جىنايەتنى ئارتقان.

22. ئائىلەم ھەققىدىكى بۇ يالغان ئەيىبلەشلەرنى قەتئىي رەت قىلىمەن. ئاتا-ئانام ۋە قېرىنداشلىرىم ئەزەلدىن قانۇن-تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىپ كەلدى. بىز ھەمىشە كەنتىمىزدە ئۈلگىلىك ئائىلە دەپ تەرىپلەندۇق ، ھېچقايسىمىزنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش خاتىرىسى يوق.

23. مەندە ئەلچىخانا بىلەن سۆزلەشكەن تېلېفون خاتىرىسى بار. ئەگەر كېرەك بولسا ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى بىلەن ئورتاقلىششنى خالايمەن. تېلېفون خاتىرىسدە ئۇلارنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قانچە يىللىق كىسىلگەنلىكى ۋە سەۋەبلەر توغرىسىدا ئېيتقان بارلىق ئۇچۇرلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا تېلېفونۇمنىڭ توكى قالمىغاچقا ئەلچىخانا خادىمى بىلەن بولغان سۆزلىششىنىڭ پەقەت قىسقا بىر قىسمىلا ساقلىنىپتۇ.

24. خىتاي ئەلچىخانىسى ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئەيىبلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر ئىسپات ياكى سوت قەغىزى بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىر قايسى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىنى ئېيتمىدى.

25. ئۇنىدىن ئاردىكى تونۇشلار ئارقىلىق دادامنىڭ 2019-يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنى تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن دادامنىڭ جازا لاگېرىدا ئىككى يىلغا يېقىن قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇپ ، خاتا ئەيىبلەش بىلەن تۈرمىگە يۆتكەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئوخشاش جەريان بەلكىم ئانام ۋە ئىنىمنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

26. خىتاينىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىلىكى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ 2017- يىلى قولغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە سوتقا تارتىلغانلىقىنى ، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرمىگە يوللانغانلىقىنى بىلدىم. ئەلچىلىك ئۇلارنىڭ قانۇنى باسقۇچلارغا ئاساسەن بىتەرەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇلار مېنىڭ قولۇمدا ، دادامنىڭ 2019- يىلىدا تۈرمىگە يوللانغانلىقى ھەققىدىكى ئىسپات قەغىزى بارلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا سوتلانغان ۋە تۈرمىگە يۆتكەلگەنلىكىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى مەن خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى ئەلچىخانىسىغا ناھايىتى كۆپ ۋە ئېغىر بېسىم قىلدىم ، ۋە ئاخىردا ئەلچىلىكتىن ئائىلەمدىكەرنىڭ 2017- يىلى سوتلانغانلىقىدىن ئىبارەت يالغان جاۋابنى ئالدىم. مېنىڭ پەرىزىمچە ، مەن توختىماي ئەلچىلىككە بېسىم قىلغانلىقىم ئۈچۈن ، ئەلچىلىك ماڭا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئائىلەمدىكىلەرگە مۇشۇنداق تۇقۇلما جىنايەتنى ئويدۇرغان. قولۇمدىكى ئىسپات قەغىزدە دادامنى 2019- يىلى تۈرمىگە يوللانغان دەپ ئىنىق تۇرسىمۇ ، ئەلچىلىك ماڭا 2017- يىلى تۈرمىگە ئەۋەتىلدى دەپ ئۇچۇر بەردى. شۇڭا مەن ئەلچىلىكنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنى گۇناھكار قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغان ئېيتقانلىقىدىن ، ۋە ئائىلەم ئۈچۈن نورمال بىر سوت ئېچىلغانلىقىنى سۆزلىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەلچىلىك مېنى قانۇنى باسقۇچلار بويىچە بولغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. ئەمما مەن ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ماڭا يەتكۈزگەن ئۇچۇرلىرىنى توغرا ئەمەس دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە ، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر تۇتۇلدى ۋە ئىككى يىل جازا لاگىرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلدى ، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرمىگە يۆتكەلدى. باشقا ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋاللار بولغان. جازا لاگىرلىرىدا

بېسىم ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن ئورگانلار ئادەملەرنى خالىغانچە تاللاپ جازا لاگېرىدىن تۈرمىگە يۆتكىگەن. مېنىڭ ئۈكام ۋە ئانامۇ ئوخشاش شەكىلدە نورمال ۋە قانۇنى بىر باسقۇچ بىلەن جازا لاگېرىغا تۇتۇلمىغان. ئەلچىلىك ئۇلارنىڭ 2017- يىلى تۈرمىگە يۆتكەلگەنلىكىنى دىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ دادامنى 2019- يىلى تۈرمىگە يۆتكىگەن. ئەلچىلىك پەقەتلا مېنى ئائىلەمدىكىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى خالاس.